# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى ناماز ئوقۇپ پۇتلىرى ئىششىپ كېتەتتى

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە مۇغىرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى ناماز ئوقۇپ پۇتلىرى ئىششىپ كېتەتتى، مەن: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئاللاھ سىلىنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغان تۇرسا، نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىلا؟» دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھقا شۈكرى قىلغۇچى بەندە بولمايمەنمۇ؟» دېدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىسى تەھەججۇت نامىزى ئوقۇپ پۇتلىرى ئىششىپ كەتكەندە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى گۇناھىدىن قورقۇپ، ئاللاھدىن رەھمەت ۋە مەغپىرەت تەلەپ قىلىپ ئىبادەت قىلىۋاتىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق خاتالىقلىرى ئەپۇ قىلىنغان تۇرسا، بۇنداق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا: «ئاللاھ سىلىنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىۋەتكەن تۇرسا، نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئىبادەت قىلىلا؟ دەپ سورايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئاللاھغا شۈكرى قىلغۇچى بەندە بولمايمەنمۇ؟ دەيدۇ. بۇ ئىبادەتنىڭ سەۋەبى ئاللاھنىڭ مەغپىرەت قىلغانلىقىغا شۈكرى ئېيتىشتۇر

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4830

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee